# ﴿ئىسلام ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

# ئەبۇ ئەكرەم كۈسەنىي

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن.تەمكىنى


نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ﴿مفهوم كلمة الإسلام﴾

«باللغة الأويغورية»

أبو أكرم كوسني

مراجعة: ن. تمكيني

حقوق الطبع والنشر لكل مسلم

2011 - 1432

IslamHouse.com

# ئىسلام ئاتالغۇسى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ناھايىتى شەپقەتلىك، دائىمىي مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

"ئىسلام" ئاتالغۇسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسىدە: تەسلىم بولماق، ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. (يەنى ئاللاھقا شەرتسىز بويسۇنماق، بۇيرۇق-پەرمانلىرىغا خۇشاللىق بىلەن رىئايە قىلماق، چەكلىمىلىرىنى ئېتىرازسىز قوبۇل قىلماق دېگەنلىكتۇر.) ئاللاھقا سەممىيەت بىلەن ئىتائەت قىلىپ، ھاياتىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغان كىشى مۇسۇلمان دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام سۆزى شەرىئەت ئاتالغۇسىدا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان، ئىنسانىيەت ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن ۋە ئومۇمىي تۈزۈمدىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسانىيەت 14 ئەسىردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان "ئىسلام" دېگەن بۇ ئىبارە، ئادەم ئاتىمىزنىڭ يەرشارىدىكى ھاياتى بىلەن تەڭ باشلانغان، ئىنسانلار بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن، كىشلەر بىلەن بۈيۈك ئاللاھ ئارىسىدا سادىقلىق بىلەن ئەلچىلىك رولىنى سەممىمىي نامايەن قىلغان بارچە پەيغەمبەرلەر بىلەن زەنجىرسىمان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەزەلىي بىر ھەقىقەتنىڭ سىمۋولىدۇر.

ئىسلام، بارچە پەيغەمبەرلەر تەكىتلىگەن، ساماۋى دىنلار گەۋدىلەندۈرگەن، ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يادروسىدۇر.

بىز ئىسمىنى بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان تارىختىكى پەيغەمبەرلەر، ئۆز قەۋمىنى دەۋەت قىلغان دىن ئارىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت مەۋجۇت بولغان ئەمەس، بارلىق پەيغەمبەرلەر چاقىرىق قىلغان دىننىڭ پرىنسىپ، غايىلىرى بىر ۋە ماھىيىتى ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: : «وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ». تەرجىمىسى:

«ئى مۇھەممەد! سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە، "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق.» [سۈرە ئەنبىيا 25-ئايەت].

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ بىرلىكى كۆپلىگەن ئايەتلەردە ئالاھىدە ئەسكەرتىلىپ، بارلىق پەيغەمبەرلەر كوللېكتىپ خىزمەتتىكى ئوخشاش غايىلىك قېرىنداشلاردىن ئىكەنلىكى، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلا تَتَفَرَّقُوا». تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىلەرگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلغان، نۇھقا بەلگىلىگەن دىنني بەلگىلىدى، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسالارغا تەپرىقچىلىق قىلماستىن دىنىنىڭ بىرلىكىنى، سىجىل داۋاملىششىنى ساقلاپ قېلىڭلار دەپ تەۋسىيە قىلدى.» [سۈرە شۇرا 13-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

يەنە بىر ئايەتتە: «قُلْ آمَنَّا بِاللهِ وَمَا أُنْزِلَ عَلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَالنَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ». تەرجىمىسى: «ئې پەيغەمبەر! بىز ئاللاھغا، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىلەرگە، مۇساغا، ئىيسا ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن كىتابلارغا ئىمان ئېيتتۇق- دېگىن.» [سۈرە ئال-ئىمران 84-ئايەت].

پەرقلىق زامان ۋە ماكاندىكى بىز دەۋاتقان ئومۇمى دىنى بىرلىك بولسا، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى تەبئىي خاراكتېردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان تۇغما خاراكتېر- ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق بىر بوۋاق فىترەت ئۇستىگە (يەنى تەبئى خاراكتېردە ئاللاھقا مايىل) تۇغۇلىدۇ.» [ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى].

بۇ يەردىكى  ساغلام خاراكتېردىن، پەقەت ساغلام قەلب، ساغلام ئىدىيە  مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ ساغلاملىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتىن ئىبارەت ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتلىق سالاھىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىز كىشىلىك تۇرمۇشتا، سېمالىرى مۇسۇلماندەك، ئىسلام مۇراسىملىرىنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان قەلب ۋە ئىدىيىلىرىنى ئىللەت-نۇقسانلار چىرماپ كەتكەن كىشىلەرنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد كۆز قارىشىدىكى ھەربىر ئىللەت-نۇقساننىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىر- يېنىكلىكى ماھىيەتتە ئۇلار بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى بەلگىلەيدۇ.

ئىچى كاتتا بىزەلگەن تېمى خاراب ئۆينى، ساق ئۆي دېگىلى بولمىغاندەك، تەبىئىي خاراكتېر، ساغلام قەلب توغرا يۆلىنىشنى، ئېتىقادتىكى ئاجىزلىق ۋە ئىرادىسىزلىك چىرىتىۋەتكەن ئادەمنى ئۆلچەملىك مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ.

دىندارلىقنىڭ نېگىزلىك شەرتى ماددى ۋە مەنىۋى ئورگانلارنىڭ (يەنى بۇ يەردە ئىنسان ھاياتىغا ئالاقىدار بارلىق ئىشلارنىڭ شەرئەت كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن بولىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ-م) ساغلام بولىشى، ئۆلچەملىك ئېتىقادنى ھاياتتا چىقىش قىلىپ ياشاشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا فِطْرَةَ اللَّهِ الَّتِي فَطَرَ النَّاسَ عَلَيْهَا لا تَبْدِيلَ لِخَلْقِ اللَّهِ ذَلِكَ الدِّينُ الْقَيِّمُ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لا يَعْلَمُونَ». تەرجىمىسى: «باتىل ئېتىقاد كۆزقارىشىدىن بۇرۇلۇپ، ساغلام تەبىئەتكە ئۇيغۇن ئىسلامغا ئىزچىل يۈزلەنگىن!، ئاللاھ ئىنسان تەبىئىيتىنى ئىسلامغا ئۇيغۇن ھالدا ياراتتى، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدا ھەرگىز ئۆزگىرىش بولمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقى توغرا دىندۇر، بىراق ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ.» [سۇرە رۇم 30-ئايەت].

ئىسلام كۆرسەتمىلىرى ئىنساننىڭ ساغلام مەنىۋي تەبىئىتىگە، سىجىل ھۇجۇم قىلىۋاتقان يات جىسىملاردىن مۇداپىئە قىلىشنى تۈپ مەقسەت قىلىدۇ.

ئەقىلنىڭ تاۋلىنىشى ئۈچۈن ئىلىم-مەرىپەت مۇھىم بولغاندەك، تەبىئىي خاراكتېرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىسلامىي تەلىماتلار ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئىنسانىنىڭ پىكىر قىلىش دائىرىسى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئىلىم - پەن ئارقىلىق نەتىجىلەنگەندەك، تەبىئىي خاراكتېرھەم ئىسلام كۆرسەتمىلىرى بىلەن ئۇزۇل- كېسىل ساپلىشىپ، يۇلتۇزدەك چاقناپ نەتىجىدە توغرا يولنى تونۇپ يېتەلەيدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ساغلام ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئىسلام بېكىتكەن قائىدە-نىزاملارغا ئەستايىدىل رىئايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «وَمَن يُسْلِمْ وَجْهَهُ إِلَى اللَّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى وَإِلَى اللَّهِ عَاقِبَةُ الْأُمُورِ». تەرجىمىسى: «بارلىقىنى ئاللاھ غا ئاتاپ، بارچە ياخشى ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلغان ھەرقانداق ئادەم، ئىسلامدىن ئىبارەت مەھكەم تۇتقىغا ھەقىقى ئېسىلغان بولىدۇ، بارچە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر.» [سۈره لوقمان 22-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: «وَمَنْ أَحْسَنُ دِينًا مِّمَّنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لله وَهُوَ مُحْسِنٌ واتَّبَعَ مِلَّةَ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَاتَّخَذَ اللهُ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلاً». تەرجىمىسى: «بارلىقىنى ئاللاھغا ئاتاپ، بارچە ياخشى ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، باتىل ئېتىقادتىن يۈز ئۆرۈپ ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتىگە ماس بولغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ياخشىراق دىندار كىشى بارمۇ؟.» [سۈره نىسا 125-ئايەت].

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئىسلام دىنى ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتى قىلىپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت تەبىئىتىگە ئەڭ ماس دىن ئىكەنلىكى، ئىنسانىيەت ئىسلامىي پرىنسىپىنى ھاياتلىق يادروسى قىلىش ئارقىلىق كۆزلىگەن بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى دىنىمىزدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا مۇيەسسەر قىلسۇن.